# 105353 - ئۆزۆلۆپ كەتكەن ئەزاغا نىسبەتەن نېمە قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ؟

## سوئال

بىر كىشى ھادىسىگە ئۇچراپ قولى ياكى پۇتى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۆزى ۋاپات بولمىغان بولسا ئۇنىڭدىن ئۆزۆلگەن ئەزانى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى يۇيۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ دەپنە قىلىش كېرەكمۇ، نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ھايات كىشىدىن ئۆزۆلگەن ئەزا قايسى سەۋەپ بىلەن بولسۇن، ھادىسىگە ئۇچرىغان ياكى جازا بىلەن كېسىلگەن بولسۇن، ئۇ يۇيۇلمايدۇ، نامىزى ئوقۇلمايدۇ لېكىن پاكىزە رەختكە ئوراپ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنىدۇ. ئەگەر ئەتراپىدا قەبرىستانلىق بولمىسا ئاياغ-ئاستى قىلىنمايدىغان پاك يەرگە كۆمۈۋېتىلىنىدۇ.  ئاللاھ تائالا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق قىلسۇن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن".

پەتىۋادا: شەيخ ئابدۇل ئەزىز بىن باز، شەيخ ئابدۇرەززاق ئەپىيپي، شەيخ ئابدۇللاھ بىن غۇدەييان قاتارلىقلار. ["دائىمي كومىتېت پەتىۋاسى" 8 -توم 448 -بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.